شىنجاڭ گېزىتى

شينجياڭ گازەتى 新疆日报

2021 ـ يىل 1 ـ ئاي
11
دۈشەنبە
维吾尔文 1 月11日
25303 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57-1   تىيانشان تورى: www.ts.cn

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى

«قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى (2020 ـ يىلدىن 2025 ـ يىلغىچە)»نى بېسىپ تارقاتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى «قانۇنچىل جۇڭگو قۇرۇلۇشى يىرىك پىلانى (2020 ـ يىلدىن 2025 ـ يىلغىچە)»نى بېسىپ تارقاتتى ھەم ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلاردىن ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

«يىرىك پىلان»نىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

چىن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنىدا مۇنداق تەكىتلىدى

ئىسلاھاتنىڭ خىزمەت چوڭ ۋەزىيىتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **ياۋ تۇك، ۋاڭ شىرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىن ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 17 ـ قېتىملىق يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئالاقىدار خىزمەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى چىن چۈەنگو يىغىندا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 2020 ـ يىللىق خىزمەت خۇلاسىسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى بىلەن ياسىمچىلىقنى يۇغۇرما تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى» «ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ، ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەجبۇرىيەت مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى» «ئاممىۋى مەدەنىيەت ساھەسىدە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن تۆۋەن مالىيەنىڭ ئىش ھوقۇقى ۋە چىقىم مەسئۇلىيىتىنى ئايرىش ئىسلاھاتى توغرىسىدىكى يولغا قويۇش لايىھەسى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

چىن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

خەلق قوغدىغۇچىلىرىغا ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، بۇرچ، مەسئۇلىيەتكە ۋارىسلىق قىلىمىز

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرى پائالىيەت ئۆتكۈزۈپ، تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمىنى تەبرىكلىدى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرلىرى **سۈي يۈنيەن، ياۋ تۇك، ياڭ شۈخەن، چېن جياڭۋېي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ خەلق ساقچىلىرى ئوڭ قولىنى كۆتۈرۈپ، ساقچى بايرىقىغا يۈزلىنىپ تەنتەنىلىك قەسەم بېرىپ، بىرلىكتە «جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى ساقچى ناخشىسى»نى ئېيتتى، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى باشلاندى.

1 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ساقچىلىرىدىن سەمىمىي ھال سورىدى، باش شۇجىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، خەلق ساقچىلىرىغا رىشتە باغلىشى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كەڭ خەلق ساقچىلىرىنى چوڭقۇر رىغبەتلەندۈردى، ئىلھاملاندۇردى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمىنىڭ تەسىس قىلىنىشى پارتىيە ۋە خەلق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرىغا بەرگەن يۈكسەك شان ـ شەرەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئېتىقاد مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئېتىقاد ئاساسىنى چىڭىتىپ، ساقچىلار قەلبىنى مۇجەسسەملەپ، جەڭگىۋارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇپ، كەسپىي شەرەپ تۇيغۇسى، تەۋەلىك تۇيغۇسى، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ، تولۇپ تاشقان روھىي ھالەت ۋە قەيسەر كۈرەش قىلىش ئىرادىسى بىلەن، زىممىمىزدىكى مۇقەددەس مەسئۇلىيەتنى ياخشى ئادا قىلىمىز.

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، قەھرىمان نەمۇنىچىلار ۋەكىللىرى ئاپتونوم رايونلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيە بازىسى شىنجاڭ ساقچى تارىخى سارىيىدا ئېكسكۇرسىيە قىلماقتا. شۇ كۈنى تۇنجى قېتىملىق جۇڭگو خەلق ساقچىلىرى بايرىمى بولۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى بىر قاتار پائالىيەتلەرنى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، بارلىق ساقچىلارنىڭ كەسپىي شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى، تەۋەلىك تۇيغۇسى، ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىنى كۈچەيتتى. ☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى زۇ يى فوتوسى**

ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك ساقچى ئەترىتى شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، تۈرلۈك شەكىلدىكى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرۇپ، قويۇق بايرام كەيپىياتى ياراتتى.

1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسى قانۇن يۈرگۈزۈش ساقچىلىرى باش ئەترىتىدىكى بارلىق كادىر ـ ساقچىلار ساقچى بايرىقىغا يۈزلىنىپ قەسەم بېرىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە ۋە خەلق يۈكلىگەن يېڭى دەۋردىكى خەلق ساقچىلىرىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سكانىرلاپ سىننى كۆرۈڭ

بۈركۈتكە ئايلىنىپ يۇرت ـ ماكانىنى قوغداش

—— جان پىدالىق بىلەن ئادەم قۇتقۇزغان كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى لاچىن بايەكە توغرىسىدا ئەسلىمە (3)

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى لىيۇ شياڭ**

تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تۇتاش كەتكەن پامىر ئېگىزلىكىگە جايلاشقان.

تاغنىڭ ئېچكىرىسىدە چېگراغا تۇتىشىدىغان نۇرغۇن تاغ ئېغىزى بار، بۇ تاغ ئېغىزلىرى چېگرانى قوغداش، چارلاشتىكى نۇقتىلىق رايونلار، شۇنداقلا لاچىن بايەكە ھايات ۋاقتىدا ئەڭ ئەستىن چىقارمايدىغان جايلار ئىدى.

16 يىلدىن بۇيان، ئۇ پولاتتەك ئىرادىسى بىلەن كېچە ـ كۈندۈز قار ـ مۇزلۇق چوققىلاردا يۈرۈپ، ھەربىي فورما كىيمىگەن جەڭچى بولۇپ، بۇ پاكىز تۇپراقنى قوغداپ كەلدى.

قەھرىمان مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى، توغرا كەيپىيات مەڭگۈ ساقلىنىپ قالدى. قارلىق تاغ گۇۋاھ بولدى.

«سىلەرگە يول باشلاش مېنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىم»

1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت 10دا، چېگراغا يېقىن تار تاغ جىلغىسىدا سوغۇق شامال غۇيۇلداپ تۇراتتى.

«رەتكە تىزىلىڭلار، يولغا چىقىمىز!» تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسى تىزناپ چېگرا ساقچىخانىسىنىڭ مۇئاۋىن ساقچىخانا باشلىقى ئابدۇجانى لۇڭجىك ئون نەچچە چېگرا قوغدىغۇچىنى باشلاپ، بىر كۈنلۈك چېگرا چارلاش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى.

«ئالدىمىزدا تىك داۋان بار، كۆپچىلىك بىخەتەرلىككە دىققەت قىلىڭلار» دەپ ئەسكەرتتى ئابدۇجانى لۇڭجىك كۆپچىلىككە، ئۇ بۇ رايوننىڭ يەر شەكلىنى پىششىق بىلەتتى —— لاچىن بايەكە ئىلگىرى ئۇنى باشلاپ بۇ يوللاردا سانسىز قېتىم ماڭغانىدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

«ئاتلىق لېكسىيە ئەترىتى» پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى «ئەڭ يىراقتىكى بىر ئائىلە كىشىلىرى»گىچە يەتكۈزدى

لېكسىيەنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، نەزەرىيەنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش

☐ **ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى جاڭ تىڭ ئىختىيارىي مۇخبىر ياڭ شياۋدۇڭ**

قىش كىرگەندىن كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق قېلىن قار بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ چىغان جىگدە يېزىسى سەكرەش كەنتىنىڭ ئاقدالا تەۋەلىك رايونىدىكى قىشلاقنى قېلىن قاپلىغانىدى. ئۇدا بىرنەچچە كۈندىن بۇيان، سەكرەش كەنتىدىكى ئاتلىق لېكسىيە ئەترىتىنىڭ كېلىشى بىلەن، چۆللۈكنىڭ ئىچكىرىسىدىكى چارۋىچىلارنىڭ ئۆيلىرى ئىللىقلىققا تولدى.

«چارۋىچىلارغا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈش، پارتىيەنىڭ ئاۋازىنى چارۋىچىلىق رايونلىرىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، بىزنىڭ تاغ ئارىسىغا كىرىپ لېكسىيە سۆزلەۋاتقىنىمىزغا ئىككى كۈن بولدى» دېدى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تەشۋىقاتچى، سەكرەش كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جۇمابېك بۆكېن مۇخبىرغا.

ئاقدالا تەۋەلىك رايونى سەكرەش كەنتى ئاھالە كومىتېتىغا 40 نەچچە كىلومېتىر كېلىدۇ، 20 ئائىلىلىكتىن كۆپرەك چارۋىچى 50 كىلومېتىر دائىرىدىكى چۆللۈكنىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا تارقالغان. ھەربىر ئائىلىلىك چارۋىچىنىڭ يىغىن روھىنى تەپسىلىي چۈشىنىشى ئۈچۈن، كەنت كادىرلىرى ۋە تەشۋىقاتچىلار قەھرىتان سوغۇقتىن قورقماي، چارۋىچىلىق رايونلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ لېكسىيە سۆزلىدى.

قار يېغىپ يول تېيىلغاق بولغاچقا، ئەترەت ئەزالىرى بىپايان چۆل ـ جەزىرىنى ئاتلىق ئايلىنىپ ئۆتۈپ، چارۋىچى بېكىش تۇرۇسنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە چۈش بولاي دېگەنىدى. لېكسىيە ئەترىتىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەتىراپتىكى تۆت ـ بەش ئائىلىلىك چارۋىچى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بېكىشنىڭ ئۆيىگە كەلدى، كۆپچىلىك چۆرىدەپ ئولتۇرۇپ، لېكسىيەنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

«3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ شىنجاڭ خىزمىتىنى ئالقىشلىدى، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە 1 مىليون 690 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق يېزا ئەمىن ئۆيى ۋە 1 مىليون 560 مىڭ يۈرۈشتىن ئارتۇق شەھەر ـ بازار كاپالەتلىك ئەمىن ئۆيى سېلىندى، 10 مىليوندىن ئارتۇق ئامما پاكىز، چىرايلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ كىردى، بۇنىڭ ئىچىدە بىزمۇ بار. ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش سىجىل قانات يايدۇرۇلۇپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىشنى ياخشى باشلايلى   قەدەمنى ياخشى ئالايلى

ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ لىنىيە بويىدىكى بايلىقلارنى ئېچىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولدى

قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگەن تۇنجى ئايدا يۈك ترانسپورت مىقدارى 2 مىليون 340 مىڭ توننىدىن ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لۇ فېڭباۋ** خەۋەر قىلىدۇ: جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە، ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ قاتناش باشلىنىپ تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلگىنىگە بىر ئاي بولغان، يۈك توشۇش مىقدارى 2 مىليون 341 مىڭ تونناغا يېتىپ، لىنىيە بويىدىكى بايلىقلارنى ئېچىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان.

«ئالتاي ـ كۆكتوقاي ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى ـ شەرقىي جۇڭغار تۆمۈريولىنىڭ ترانسپورت ئىقتىدارى جىددىي بولۇش ئەھۋالى پەسەيتىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ ئايلانما لىنىيەسىنى بويلاپ ئىككى يۆنىلىشتىن كۆكتوقايغا قۇرۇق ۋاگون سەپلىنىپ، شۇ جاينىڭ كان بايلىقىنى سىرتقا توشۇشنى يېتەرلىك ترانسپورت كۈچى كاپالىتى بىلەن تەمىنلىدى» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى يۈك ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسى پارتىيە تەشكىلاتلىرى شۇجىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى

پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، شىنجاڭ مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياك** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 2020 ـ يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ مائارىپ سىستېمىسى پارتىيە تەشكىلاتلىرى شۇجىلىرىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشتىن بەرگەن خىزمەت دوكلاتىنى باھالاش يىغىنى ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

新疆日报 石榴云 天山网 www.ts.cn
新疆报业传媒集团